


قاراقاش ناھىيەسى تۈۋەت يېزىسى چارباغ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇمەمەتروزى (ئوڭدا) كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن 50 تۇياق كالىنى كۆكۈل قويۇپ بېقىپ ھەممىسىنى سېتىپ چىقاردى.

□ مۇخبىرىمىز جىن شىشىن فوتوسى



قاراقاش ناھىيەسى توخۇلا يېزىسى توخۇلا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئېزىز قۇربان مېھمانلارغا قورۇما قورۇماقتا. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئېزىز دوستى بىلەن شېرىكلىشىپ بىر ئاشخانا ئاچتى، ئايدا 5000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايدۇ. □ مۇخبىرىمىز چېن مېيخۇا فوتوسى



تۇرسۇننىسا ئېلى (ئوڭدا) خوتەن ناھىيەسى يېڭىئاۋات يېزىسى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىدا خىزمەتچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلماقتا. تۇرسۇننىسا كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى مەزگىلدە تىككۈچىلىك ماھارىتىنى ئىگىلىدى ھەم پۇتۇكچىۋانى ئۆگىنىۋالدى، كارخانىغا كەلگەندىن كېيىن تېزلا سېخ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلەندى. □ مۇخبىرىمىز جىن شىشىن فوتوسى

# بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قۇياش نۇرىغا تولدى

—— كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تۇرمۇش، خىزمىتىدىن كۆرۈنۈشلەر ( 2 )

## «ھەر كۈنى يېڭى دوستلار كېلىدۇ»

□ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى، خەۋىرى

«كوچا باشقارمىسى، مەھەللە ئاھالە كومىتېتى ماڭا ئىنتايىن چوڭ ياردەم قىلدى، مەن ئاكام بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ مېھمانخانا ئاچقاندا ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بېجىردىم.» 23 ياشلىق ئايگۈزەل ئابلىمىت ئاقسۇ شەھىرىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلەنگەن مەزگىلدە مېھمانساراي باشقۇرۇش كەسپىنى تاللىدى، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىگىلىك تىكلەپ مېھمانخانا ئاچتى.

ئايگۈزەل دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقانىدى، 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئايگۈزەل ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەسىھەتى بىلەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگەندى. 2019 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرى خۇڭچىياۋ كوچا باشقارمىسى خۇڭچىياۋ مەھەللىسى ئايگۈزەلنىڭ ئۆگەنگەن كەسپىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە پائال ياردەم بەردى، مېھمانخانا ناھايىتى تېزلا تىجارەت باشلىدى.

«ئايگۈزەل مېھمانخانىنى ئېدىتلىق باشقۇردى» دېدى خۇڭچىياۋ مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پەزىلەت ئابدۇۋەلى.

ئايگۈزەل مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنى قۇتقۇزۇۋالدى، مەن ئارتۇقچىلىقمنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، مېھمانخانىنى ياخشى باشقۇرىمەن. ھازىر ھەرقايسى جايلاردىن ئاقسۇغا كېلىپ ساياھەت قىلىدىغان ساياھەتچىلەر ئىنتايىن كۆپ، مېھمانخانىغا كەلگەنلەر ماڭا نۇرغۇن ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى، مەنمۇ شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشتۇم، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى».



▲ ئايگۈزەل ئابلىمىت ئوقۇتقۇچىسىدىن چاچ گۈزەللەشتۈرۈشنى ئۆگەنمەكتە.



◄ ئايگۈزەل ئابلىمىت مېھمانخانىنىڭ ئالدى سۇپىسىدا ساياھەتچىلەرگە مۇلازىمەت قىلماقتا.



ئايگۈزەل ئابلىمىت (سولدىن 3 ـ كىشى) ئەتراپىدىكى دوستلىرىغا قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلماقتا.



نۇرمەمەت تۇرسۇن ئىشلەمچىلىك قىلغان ۋاقىتتا كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىنى پائال ئۆگەندى.

## «كىچىك كۆكتات دۇكىنى قايتىدىن ئېچىلدى»

□ مۇخبىرىمىز جېن شىشىن فوتوسى، خەۋىرى

«ئائىلىمىزدىكى كىچىك كۆكتات دۇكىنى قايتىدىن ئېچىلدى، ياخشى باشقۇرۇشىمىز كېرەك.» خوتەن ناھىيەسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسى خېرۇك يېڭى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرمەمەت تۇرسۇن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، خوتۇنى تۇرنىسا ئېزىز بىلەن پاراڭلاشقان تۇنجى ئىش كۆكتات دۇكىنى توغرىسىدىكى ئىش بولدى، «بىز قانۇنلۇق تىجارەت قىلىشىمىز كېرەك، ئاۋۋال بېرىپ تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرەيلى، سىز ساغلاملىق كىنىشكىسى بېجىرىڭ، بىز چۆپ چىقىرىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ بىرلا ۋاقىتتا چۆپ ساتايلى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۆكتات دۇكىنىنى سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزغا بېرىمەن».



نۇرمەمەت تۇرسۇن كۆكتات دۇكىنى خوتۇنىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىپ، ئۆزى ئىشكى ئالدىدىكى لۈپياۋشياڭ مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەمچىلىك قىلىپ، كىرىمنى ئاشۇردى.

ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، نۇرمەمەت ھويلىسىغا بىر ئېغىز ئۆي سېلىپ، كۆكتات دۇكىنى ئاچقانىدى. لېكىن ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملىنىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ئائىلىسىنىڭ سودا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كۆڭۈل قويمىدى. «بۇلتۇر 3 ـ ئايدا، ئائىلەمدىكىلەرنىڭ نەسىھەتى بىلەن، مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتىم.» نۇرمەمەت مۇنداق دېدى: ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، دۆلەت ئورتاق تىل سەۋىيەم ئۆسۈپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، قانۇن ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدۇم.

كىچىك كۆكتات دۇكىنى قايتا ئېچىلغاندىن كېيىن، كەنت كادىرلىرى كەنت ئاھالىلىرىگە يىغىن ئاچقاندا ياردەملىشىپ تەشۋىق قىلدى، بىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، دۇكاننىڭ سودىسى جانلاندى. نۇرمەمەت مۇنداق دېدى: «ھازىر كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشلەپ پۇل تېپىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، پىلتە سېتىۋېلىپ لەغمەن ئېتىش قولاي ھەم ۋاقىتنى تېجىگىلى بولىدۇ، شۇڭا كۆپچىلىك دائىم كىچىك دۇكىنىمغا كېلىدۇ. يېقىندا يەنە ئىككى ئاشخانا مېنىڭ چوڭ خېرىدارىم بولۇپ قالدى، كۈندە 50 كىلوگرام چۆپ سېتىۋالىدۇ».



نۇرمەمەت تۇرسۇن خوتۇنى بىلەن كۆكتات دۇكىنىغا خېمىر كېسىش پىششىقلاش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىپ، ھەم كەنت ئاھالىلىرىگە قولايلىق ياراتتى، ھەم كىرىمنى ئاشۇردى.

كەنت كادىرلىرىنىڭ ياردىمىدە، نۇرمەمەت يەنە ھويلىسىدا بىر پارچە يەرگە كۆكتات تېرىدى، «لازا، شوخلا، سەي كاۋىسى ۋە چىڭسەي بار، يەپ بولالمىساق دۇكاندا ساتساق بولىدۇ».

«ئۆتمۈشۈمنى ئەسلىسەم، تولىمۇ خىجىل بولىمەن.» نۇرمەمەت سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى سىياسەت خاراكتېرلىك تولۇقلىمىلىق ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرىدۇق، يەنە تۆت مو ياڭاقلىق ۋە ئىككى پارنىك تەقسىملەندى، ئىككى بالام يەسلىگە كىردى، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى بار بولدى... مەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلىشىم، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن قۇتۇلۇشۇم كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا بەخت يولى ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)